# ئايال كىشىنىڭ ئېرىگە بويسۇنماي، ئاچچىقلىنىپ ئۇنىڭغا ۋاقىرىشى توغرىسىدا

[ الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur ]


پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى



2014 - 1435

IslamHouse.com

# زوجته تعصيه وتغضبه وترفع صوتها عليه

« باللغة الأويغورية »

فضيلة الشيخ محمد صالح المنجد

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: نظام الدين تمكيني

2014 - 1435

IslamHouse.com

# ئايال كىشىنىڭ ئېرىگە بويسۇنماي، ئاچچىقلىنىپ ئۆينىڭغا ۋاقىرىشى توغرىسىدا

125374 ـ نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

مەن تۇرمۇش قۇرغان، ئايالىم مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمايدۇ ۋە ماڭا ھۆرمەت قىلمايدۇ، شۇنداقلا يۇقىرى ئاۋازدا جاۋاپ قايتۇرىدۇ. مەن ئايالىمنى رامىزاندا تەراۋىھ نامىزىغا بېرىشىم ياكى خىزمەت سەۋەبى بىلەن ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىنى زىيارەت قىلىشتىن چەكلىگىنىمدە، ئەرزىمەس ئىشلارنى بانا قىلىپ مەن بىلەن ئۇرۇشىدۇ، ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ئۇنى شۇنداق قىلىشقا كۈشكۈرتىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى؛ مەن ئايالىمنى ھىجابلىنىشقا، سىرتلارغا چىققاندا ئەتىر ئىشلەتمەسلىك، يىرىم-يالىڭاچ كىيىنمەسلىك قاتارلىق ئىشلارغا بۇيرۇيمەن. مەن بىرەر ئىش سەۋەبىدىن ئايالىمغا سۆز قىلسام ياكى ئاچچىقلانسام، ئۇ دەرھال ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىدۇ، ئائىلىسىدىكىلەر ئىشنى يەنىمۇ چوڭايتىشقا ئۇرۇنىدۇ، بۇ ئىش كۆپ تەكرارلاندى، بەزى ۋاقىتتا مېنىڭ رۇخسىتىمسىز مەن رەنجىپ قالدىم دەپ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىدە قونۇۋالىدۇ. مەن بۇ ئايالنى تالاق قىلىۋېتىشىم كېرەكمۇ ياكى سەۋر قىلىپ بىللە ئۆتۈشۈم كېرەكمۇ؟، سەۋر قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتسەم

بۇنىڭغا ساۋاپ بولامدۇ؟ ياكى بۇ سەۋىرچانلىق مېنى خارلىق ۋە ئىززەت-ھۆرمەتنى دەپسەندە قىلغانلىققا ئېلىپ بارامدۇ؟، بۇنداق ھالەتتە تالاق قىلىش زۆرۈرمۇ ياكى ياخشىمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

بىرىنچى: ئەر-ئايال ھەر ئىككەيلەن بىر-بىرىگە گۈزەل مۇئامىلىدە بولىشى كېرەك. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَعَاشِرُوهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ ۚ فَإِن كَرِهْتُمُوهُنَّ فَعَسَىٰ أَن تَكْرَهُوا شَيْئًا وَيَجْعَلَ اللَّهُ فِيهِ خَيْرًا كَثِيرًا﴾ تەرجىمىسى: «ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار (سەۋر قىلىڭلار)، چۈنكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا ئاللاھ كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.» [سۈرە نىسا 19-ئايەت].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَهُنَّ مِثْلُ الَّذِي عَلَيْهِنَّ بِالْمَعْرُوفِ وَلِلرِّجَالِ عَلَيْهِنَّ دَرَجَةٌ وَاللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾ تەرجىمىسى: «ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى

ئۇستىدە ئاياللارنىڭمۇ ھەقلىرى بار (يەنى ئاياللار مۇۋاپىق دەرىجىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك، مۇۋاپىق دەرىجىدە مەجبۇرىيەتمۇ ئۆتىشى كېرەك). (ئاياللارغا مەھرى بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش مەجبۇرىيەتلىرى ئەرلەرگە يۈكلەنگەنلىكتىن) ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇققا ئىگە. ئاللاھ غالىبتۇر. ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.» [سۈرە بەقەرە 228-ئايەت].

ئايالنىڭ ئېرىگە بويسۇنۇشى ۋە بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشى ۋاجىب بولۇپ، ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆيدىن چىقماسلىقى، ئېرىنىڭ ئۆز ئۈستىدىكى ھەققىنىڭ زور ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش-بويسۇنۇشنىڭ ئاتا-ئانىغا ئىتائەت قىلىش-بويسۇنۇشتىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلىشى زۆرۈردۇر.

بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەردە مەن ئىنسانىنى ئىنسانغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇشقا بۇيرۇلغان بولسام ئىدىم، ئاللاھنىڭ ئاياللار توغرىسىدا ئەرلەر ئۈستىگە يۈكلىگەن مەجبۇرىيىتىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئەلۋەتتە ئاياللارنى ئەرلىرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان بولاتتىم.» [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانيي رەھىمەھۇللاھ ئەبۇ داۋۇدنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا سەھىھ دەپ كەلتۈرگەن].

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر مەن ئىنساننى ئىنسانغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇشقا بۇيرۇلغان بولسام ئىدىم، ئەرنىڭ ئايال ئۈستىدىكى ھەق ۋە مەجبۇرىيەتنىڭ چوڭلۇقىدىن ئەلۋەتتە ئايالنى ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرىغان بولاتتىم. ئايال كىشى ئېرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغۇچە ئىمانىنىڭ ھالاۋىتىنى تاپالمايدۇ. ئەر كىشى ئايالىنى ھەتتا ئۆلاغ ئۈستىدىكى ۋاقىتتا تەلەپ قىلسىمۇ ئېرىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشى كېرەك.» [ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى].

ئىمام ھەيسەمىي مۇنداق دەيدۇ: يۇقىرىقى ھەدىسنى ئىمام بەززار تولۇق، ئىمام ئەھمەد قىسقارتىپ رىۋايەت قىلغان، راۋىيلىرىنىڭ ھەممىسى ئىشەنچىلىكدۇر. مۇجمەئ ئەززەۋائىد 4- توم 309-بەت].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بەش ۋاقىت نامازنى تولۇق ئادا قىلىپ، رامىزان روزىسىنى تۇتۇپ، ئىپپىتىنى ساقلاپ، ئېرىگە ئىتائەت قىلغان ئايالغا قىيامەت كۈنىدە: جەننەتكە قايسى ئىشىكتىن كىرىشنى خالىسىڭىز شۇ ئىشىكتىن كىرىڭ دېيىلىدۇ.» [ئىبنى ھەببان رىۋايىتى. شەيخ ئەلبانى سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى660-نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن].

يۇقىرىقى ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئايالنىڭ ئېرىگە ئىتائەت قىلىش بىلەن ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش ۋە ئىپپىتىنى ساقلاشنى بىرگە بايان قىلىشتىكى ھېكمەتمۇ ئايالنىڭ ئېرىگە ئىتائەت قىلىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەتتۇر.

ئايالنىڭ ئاتا-ئانا، ئۇرۇغ-تۇققانلىرىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئېرىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشى شەرت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ھەدىسلەردىن: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا تۆھمەت (ئىپىكى) قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغان ھەدىستە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن: «ئاتا-ئانامنىڭ ئۆيىگە كېتىشكە رۇخسەت بېرەمىلا؟،» دېگەن سۆزىدۇر. [بۇخارىي رىۋايىتى4141 -ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 2770-ھەدىس].

ئىمام ئىراقى "تەرھىت تەسرىيب" ناملىق ئەسىرى 8-توم 58-بەتتە: "ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: «ئاتا-ئانامنىڭ ئۆيىگە كېتىشكە رۇخسەت بېرەمىلا؟» دېگەن سۆزىدىن ئايالنىڭ ئېرىنىڭ رۇختىسىز ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىشىنىڭمۇ دۇرۇس ئەمەسلىكى ئىپادىلىنىدۇ"، دەپ بايان قىلىدۇ.

ئىككىنچى: ئېرىگە ئىتائەت قىلمىغان، ئېرىنى ھۆرمەت قىلمىغان، ئېرىگە ۋاقىرىغان ئايال، ئۆز پەرۋەردىگارىغا ئاسىيلىق

قىلغان، ئىرىنىڭ ھەققىنى كۆزگە ئىلمىغان ئايال ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا ئەر-ئاياللار ئارىسىدىكى كۆڭۈلسىزلىكنى ھەل قىلىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿الرِّجَالُ قَوَّامُونَ عَلَى النِّسَاءِ بِمَا فَضَّلَ اللَّـهُ بَعْضَهُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ وَبِمَا أَنفَقُوا مِنْ أَمْوَالِهِمْ ۚ فَالصَّالِحَاتُ قَانِتَاتٌ حَافِظَاتٌ لِّلْغَيْبِ بِمَا حَفِظَ اللَّـهُ ۚ وَاللَّاتِي تَخَافُونَ نُشُوزَهُنَّ فَعِظُوهُنَّ وَاهْجُرُوهُنَّ فِي الْمَضَاجِعِ وَاضْرِبُوهُنَّ ۖ فَإِنْ أَطَعْنَكُمْ فَلَا تَبْغُوا عَلَيْهِنَّ سَبِيلًا ۗ إِنَّ اللَّـهَ كَانَ عَلِيًّا كَبِيرًا ، وَإِنْ خِفْتُمْ شِقَاقَ بَيْنِهِمَا فَابْعَثُوا حَكَمًا مِّنْ أَهْلِهِ وَحَكَمًا مِّنْ أَهْلِهَا إِن يُرِيدَا إِصْلَاحًا يُوَفِّقِ اللَّـهُ بَيْنَهُمَا ۗ إِنَّ اللَّـهَ كَانَ عَلِيمًا خَبِيرًا﴾ تەرجىمىسى: «ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر، بۇ ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن (يەنى ئەرلەرنى كۈچ - قۇۋۋەت، غازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاياللاردىن) ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل-ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر (يەنى ئاياللارنىڭ نەپىقىسى ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكتىندۇر). ياخشى ئاياللار ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، ئەرلىرى يېنىدا بولمىغان چاغلاردا ئاللاھنىڭ پاناھىدا ئەرلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ساقلىغۇچىلاردۇر، سىلەر سەركەشلىك قىلىشلىرىدىن قورقىدىغان ئاياللارغا نەسىھەت قىلىڭلار، (بۇ ئۈنۈم بەرمىسە) بىر تۆشەكتە بىللە ياتماڭلار، (بۇمۇ ئۈنۈم بەرمىسە) ئۇلارنى ئەدەبلەش مەقسىتىدە ئاستىراق ئۇرۇڭلار.

ئەگەر سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنى بوزەك قىلىش خىيالىدا بولماڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەردىن ئۈستۈندۇر، بۈيۈكتۇر (ئاللاھ ئاياللارغا زۇلۇم قىلغاننى جازالايدۇ). ئەگەر ئەر-خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئىناقسىز بولۇپ قېلىشىدىن قورقساڭلار، ئەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى، خوتۇننىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى ئەۋەتىڭلار، ئاللاھ ئەگەر بۇ ئىككى كىشىنى ئەپلەشتۈرۈشنى خالىسا، ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ئىناقلىق سالىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.» [سۈرە نىسا 34-35-ئايەتلەر].

سىز ئايالىڭىزغا چىرايلىق نەسىھەت قىلىڭ ۋە ئۇنىڭ خاتا قىلمىشلىرىنى چۈشەندۈرۈڭ. ئەگەر سىزگە بۇ ئىشتا ياردىمى بولىدىغان ياخشى ئايال ياكى بۇ ھەقتە سۆزلەنگەن ۋەز-نەسىھەتلەر بايان قىلىنغان ئاۋازلىق ئەسەرلەر بولسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

ۋەز-نەسىھەتنىڭ ئۈنۈمى بولمىسا، ئۇخلاش ئورنىغا يالغۇز تاشلاپ قويۇش، ئۈنىڭمۇ ئۈنۈمى بولمىسا يەڭگىل ئەدەپلەش، ئۇنىڭمۇ ئۈنۈمى بولمىغاندا ئائىلىڭىزدىن ياكى ئايالىڭ ئائىلىسى تەرەپتىن ئارىدا نەسىھەت قىلىدىغان ۋە ئىككەيلەننىڭ ئارىسىنى ئارىپ قويىدىغان كىشىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچى: ئايال ئۆزىنىڭ ھاكاۋۇرلىقىنى داۋاملاشتۇرىدىكەن، سۆزنى ئۇ ئايالنى تالاق قىلىش ياكى بىللە ئۆتۈشكە ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئىجابىي ۋە سەلبىي نەتىجىلەرگە توختىتىمىز. بۇ مەسىلە ئەرنىڭ ياكى ئاردا پەرزەنت بولسا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى بىلەن تۈرلۈك بولىدۇ. ئەر بۇ مەسىلىدە ياخشى ئويلىنىشى، تەجرىبىلىك كىشىلەردىن ئۈنۈملۈك بولغان مەسلىھەتلەرنى ئېلىشى كېرەك.

تۆتىنچى: ئايالىڭىز بىلەن بىرگە ئۆتۈشنى تاللىسىڭىز، بەزى ئىشلارغا سەۋر قىلسىڭىز ئاللاھ خالىسا ئەجىر-ساۋاپقا ئېرىشىسىز. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَإِن كَرِهْتُمُوهُنَّ فَعَسَىٰ أَن تَكْرَهُوا شَيْئًا وَيَجْعَلَ اللَّـهُ فِيهِ خَيْرًا كَثِيرًا﴾

تەرجىمىسى: «ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار (سەۋر قىلىڭلار)، چۈنكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا ئاللاھ كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.» [سۈرە نىسا 19-ئايەتنىڭ بىرقىسمى].

سەۋرچانلىق ياخشى نەتىجە بېرىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىرگىدۇر. ئاللاھ تائالا سەۋرى قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە قىلدى.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اسْتَعِينُوا بِالصَّبْرِ وَالصَّلَاةِ ۚ إِنَّ اللَّـهَ مَعَ الصَّابِرِينَ﴾ تەرجىمىسى: «ئى مۆمىنلەر! سەۋر ئارقىلىق ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.» [سۈرە بەقەرە 153-ئايەت].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا يُوَفَّى الصَّابِرُونَ أَجْرَهُم بِغَيْرِ حِسَابٍ﴾ تەرجىمىسى: «پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ.» [سۈرە زۇمەر 10-ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاصْبِرْ إِنَّ الْعَاقِبَةَ لِلْمُتَّقِينَ﴾ تەرجىمىسى: «سەۋر قىلغىن، شۈبھىسىزكى، ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر.» [سۈرە ھۇد 49-ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّهُ مَن يَتَّقِ وَيَصْبِرْ فَإِنَّ اللَّـهَ لَا يُضِيعُ أَجْرَ الْمُحْسِنِينَ﴾ تەرجىمىسى: «كىمكى ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلىدىكەن، سەۋرى قىلىدىكەن (ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ)، چۈنكى ئاللاھ ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ.» [سۈرە يۇسۇپ 90-ئايەت].

قېرىندىشىم! شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، سەۋر قىلىش، ئاچچىغىنى يۇتۇش ۋە خاتالىقنى ئەپۇ قىلىش دېگەن ھەرگىزمۇ ئاجىزلىق ۋە ئۆزىنى خار قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ. بۇ

ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى كۆپچىلىك كىشىلەر ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ، شۇنىڭدەك ئاياللىمۇ ئېرىنىڭ يامانلىقىدا يامانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزىنى تالاق قىلىۋېتىپ يالغۇز ياشاشقا قادىر ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىغا ئەر پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ۋە ساۋاپىنى كۆزلەپ سەۋر قىلغانلىقىنى بىلىشى ۋە چۈشىنىشى كېرەك. شۇنداقلا ئېرىنىڭ ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا سۈكۈت قىلىشىنى ئاجىزلىق، ئۆزى بىلەن بىرگە ياشىشىنى بىچارىلىق دەپ قارىماسلىق لازىم.

مۇشۇنداق ئەھۋاللاردا ئەر كىشى ئايالىنى دائىم ئاللاھ تائالاغا تەقۋادار بولۇشقا تەۋسىيە قىلىشى، بۇزۇقچىلىق ۋە ئايرىلىشقا سەۋەپ بولىدىغان شەيتانىنىڭ يولىغا ئەگىشىشتىن ئاگاھلاندۇرىشى كېرەك. ئەر ئايالىغا ئاللاھتىن قورقۇڭ!، ماڭا ئىتائەتسىزلىك قىلىش بىلەن شەيتانىنىڭ ياردەمچىلىرىدىن بولماڭ!. بەزى ۋاقىتتا مېنىڭمۇ سەۋر قاچام تېشىپ، سىزنىڭ قىلمىشىڭىزغا لايىق رەددىيە بېرىشىم، سىز مېنىڭ رۇخسىتىمسىز ئۆيدىن چىقىپ كەتسىڭىز، تۇيغۇلىرىم سىزنى ئىككىنچى ئۆيگە كىرگۈزمەسلىككە چاقىرىشى مۇمكىن، دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىش ئارقىلىق ئايالىغا ئۆزىنىڭ ئېغىزىدا دېگەن سۆزنى ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى، ئەمما

ئايالى، بالىلىرى ۋە ئائىلىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سەۋىر قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشى كېرەك.

سىزنى دائىم ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ، ئايالىڭىزنى توغرا يولغا يېتەكلەشنى ۋە ئىككىڭلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قېلىشىنى تىلەشكە تەۋسىيە قىلىمىز. ئاللاھ تائالا ئىككىڭلارنى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلسۇن.

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.